# سەپلىرىڭلارنى رۇسلاڭلار، چۈنكى سەپلەرنى رۇسلاش نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: سەپلىرىڭلارنى رۇسلاڭلار، چۈنكى سەپلەرنى رۇسلاش نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا پايدىلىق نەرسىلەرگە يېتەكلەيدۇ، بۇ يەردە بولسا نامازدا قىبلىگە تولۇق يۈزلىنىش ئۈچۈن سەپلەرنى رۇسلاشقا، شەيتان ئۇلارنىڭ نامىزىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، سەپ ئارىلىقىنى ئېتىشكە بۇيرىغان، يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپلەرنى رۇسلاش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بەزى پايدا-مەنپەئەتلەرنى كۆرسەتكەن. سەپلەرنى رۇسلاش نامازنى مۇكەممەل قىلغانلىقنىڭ بەلگىسى، ئەكسىچە سەپنىڭ ئەگرى بولىشى نامازدا نۇقسانلىقنىڭ بەلگىسى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3031